## 11013 ـ سۆيدۈك تېمىپ تۇرىدىغان كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە خالتا كەيدۈرۈپ قويۇشى ئىبرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنامدۇ؟

### سۇئال

سۆيدۈك تېمىپ تۇرىدىغان كىشى نىجاسەتنىڭ تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەۋرىتىگە خالتىدەك بىر نەرسە كەيدۈرۈپ قويسا قانداق بولىدۇ؟. بۇ ئىبرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالالاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالالاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز بۇ سوئالنى ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىيندىن سورىغان ئىدۇق، ئۇستاز: بۇ ئىبرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلانمايدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.